# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي 5 جۈمە

维吾尔文 2 月5日

25328 - سان

بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


## دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى - قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى - قالدۇردى:

بىرىنچى، سەي رۇنىي جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى.

ئىككىنچى، ۋاڭ شىتىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گانا جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لۇ كۈننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گانا جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، جاڭ شىياڭچېننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكتىن، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىكتىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شىۋېيتسارىيەدىكى باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لى چېڭگاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىككە، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە، قوشۇمچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شىۋېيتسارىيەدىكى باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن ۋەكىللىككە تەيىنلىدى.

---

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى يېپىلدى

## چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

## نۇرلان ئابىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى ياڭ، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى تۈرلۈك قارارلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جۇرئەت ئىمىن، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، دوۋ ۋېنگۈي، چيۇ شۇخۇا، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇچىڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزا 505 كىشى، ئەمەلىي قاتناشقىنى 457 كىشى بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ چېڭ جىنشەن، ماغاۋ سىپىتقامزا، جاڭ بونىڭ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك، ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى؛ «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى» ۋە باش بىلەت نازارەتچىسى، بىلەت نازارەتچىلىرىنىڭ ئىسملىكى ماقۇللاندى.

يىغىندا تولۇق مۇھاكىمە قىلىش، دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق نامسىز بىلەت تاشلاش شەكلى قوللىنىلىپ، پېڭ جيارۇي، نۇرۇم ئىسمايىلقان، دىلشات قىدىرقان،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. سۈرەتتە: يىغىن نەق مەيدانى. □ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن لياڭ فوتوسى**

---

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى 4 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى 4 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىن ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۈەنگو، شەۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى. شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسىنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

# «قاتتىق قىيىنچىلىق»لارنى يېڭىش كۈچ ئۇلاپ گۈللەندۈرۈشنى كۆزلەش

**ئىككى يىغىنغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش**

بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. بۇنداق نەتىجىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىل، ئەزالارنى ئىنتايىن روھلاندۇردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى قانداق قىلغاندا مۇستەھكەملىگىلى، كېڭەيتكىلى بولىدۇ؟ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا، ۋەكىللەر، ئەزالار بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ يەنفاڭ

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش

«پۈتۈن شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ناھىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2020 - يىلى بىز يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان ‹قاتتىق قىيىنچىلىق›لارنى يەڭدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، يەكەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فەن باۋجۈن.

خاس تېرىقچىلىق پىششىقلاش كەسپى، خاس باغ - ئورمان شېرىن كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش … بۇلتۇر، يەكەن ناھىيەسى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بايلىق كۈچىنى توپلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

«كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيەدىكى 374 مىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىلا 7560 نامرات ئەمگەك كۈچىنى يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى.» ۋەكىل فەن باۋجۈن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، بىز «تۆتنى توختاتماسلىق» «سەككىزنى ئۆزگەرتمەسلىك» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىن كېيىنكى داۋاملاشما يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھازىر بار بولغان كەسىپلەرنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

**100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش**

# ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇشتا بىرمۇ ئائىلە كەم قالسا بولمايدۇ

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى⑥**

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ يۈجاۋ**

سىرت سوغۇق بولسىمۇ، ئۆي ئىچى ئىللىق ئىدى. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مۇغاللا بازىرى باشقاچۇن كەنتىدە 66 ياشلىق ھەۋزىخان مەمەتىمىن موماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قىشتىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ھەۋزىخاننىڭ ئۆيى ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، گەرچە بەك كاتتا سېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىشلىتىشچان ئىدى. خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق، بىختەر ئىدى، ئالىيومىن قېتىشمىلىق ئىشىك - دېرىزىلىرى ھەم بولۇپ، شامال ئۆتمەيتتى، يامغۇرمۇ ئۆتمەيتتى. ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشتىن بۇرۇن، ھەۋزىخان بىر ئائىلىلىك كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى. 2019 - يىلى ئۇ يۇرتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بىختەرلىك كۈئېففىتسېنتى تېخىمۇ يۇقىرى ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق بىر قەدىمى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈككە سىجىل مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا كۈچەپ، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 675 مىڭ 600 ئائىلىلىك نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇردى.

### ئەمىن ئۆي خەلق قەلبىنى ئىللىتتى

تۇرالغۇ كاپالىتى ئېتىبار سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئولتۇرالايدىغان بولۇشتىن ياخشى ئۆيدە ئولتۇرالايدىغان بولۇشقىچە، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى كۆرگىلى بولىدىغان، ئۇتقىلى بولىدىغان خەلق رايى قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئايلاندى.

تاملىرى ئاق، ئۆگزىسى قىزىل، ئۆيلىرى تۆت چاسا كەلگەن، ئائىلە جابدۇقلىرى تولۇق بولغان، ھويلىسى كەڭ ھەم رەتلىك بولغان بۇ ئۆي ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئاقتوقاي يېزىسى قومۇشئۆستەڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان ئوسماننىڭ ئۆيى ئىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

□ **پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز**

## «يالغان - ياۋىداق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن» سىياسەتۋازغا كىشىلەر جەزمەن لەنەت ئوقۇيدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىت

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو زەھەرخەندە يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى، قارا چاپلىدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشتى، بۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىنتايىن زور غەزىپىنى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلىشىنى قوزغايدۇ،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

## «غالجىرلاشقان چۈپرەندە» پومپېئو ھېچقانچە دولقۇن قوزغىيالمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا

پومپېئو پاكىتقا نىسبەتەن ئادەت خاراكتېرلىك قارىغۇ بولۇپ قالغان، باشتىن - ئاخىر كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى توقۇشنى يەنىلا ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بۇنداق «كۆڭۈل بۆلۈشى»، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

---

# شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللار

### كىرىش سۆز

جۇڭگو شىنجاڭ ياخشى جاي. 56 مىللەت ئانىلارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، خاتىرجەملىكى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىگە تۈرتكە بولدى.

لېكىن بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى بىر قىسىم جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن ساختا، يالغان ئۇچۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تارقىتىپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى.

يالغان - ياۋىداق سۆز ھامان يالغان - ياۋىداق سۆز، پەقەت بىرمەھەل قايمۇقتۇرالىغىنى بىلەن، مەڭگۈ ئىشەنچكە ئېرىشەلمەيدۇ. پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋال ئالدىدا، يالغان - ياۋىداق سۆز ھامان يوشۇرۇنغۇدەك جاي تاپالماي، ھالاك بولىدۇ.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشى دەل شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال.

بىز جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان شىنجاڭغا ئالاقىدار بەزى تىپىك پىتنە - ئىغۋا، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى تاللاپ،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)